بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

39- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

تۆتىنچى، ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش، قەبرە ئەھلىگە ھەۋەس قىلىش (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش)، بالايىئاپەتلەرنىڭ دەھشەتلىكىدىن «ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا بولسامچۇ» دېيىش، تۇيۇقسىز ئۆلۈمنىڭ كۆپ بولۇشى، يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ۋە كېسەللەر سەۋەبىدىن ئۆلۈشنىڭ كۆپ بولۇشى، ئەرلەرنىڭ ئازىيىپ، ئاياللارنىڭ كۆپ بولۇشى، كىيىم كىيگەن يالىڭاچ (يەنى كىيگەن كىيىمى تار ياكى نېپىز) ئاياللارنىڭ يامراپ كېتىشى، زىنانىڭ يوللاردا ئاشكارا بولۇشى، چالغۇ ئەسۋاب، ھاراق، زىنا، ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ھەمدە جازانە قاتارلىقلارنىڭ يامرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالال سانىلىشى، يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتنى مۇبەددەل قىلىنىش (يەنى ئىنسانىنىڭ مايمۇن، چوشقا دېگەندەك ھەر خىل ھايۋانلار شەكلىگە ئۆزگەرتىلىشى) ۋە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىقلار.

بەشىنچى، ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىش، مەسئۇللۇقنىڭ لاياقەتسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇلۇشى، ناچار كىشىلەرنىڭ رەھبەر بولۇشى، پەس كىشىلەرنىڭ ئېسىل كىشىلەر ئۈستىگە چىقىۋېلىشى، دېدەكنىڭ ئۆزىگە قىز خوجايىن تۇغۇشى، كىشىلەرنى قامچىلاپ زالىملارغا يانتاياق بولغۇچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش پىتنىلەرنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىقلار.

ئالتىنچى، بىنا سېلىشتا ۋە مەسجىدلەرنى پەردازلاشتا بەسلىشىش؛ تىجارەتنىڭ كۆپىيىشى؛ بازارلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن بولۇشى؛ كىشىلەرنىڭ قولىدا كۆپ مال تۇرۇپمۇ شۈكرانىسىنى ئادا قىلماسلىقى؛ بېخىللىقنىڭ كۆپىيىشى؛ يالغان گۇۋاھلىقنىڭ كۆپىيىشى؛ توغرا گۇۋاھلىقنىڭ يوشۇرۇلۇشى؛ رەزىل قىلمىشلار، ئۈچ-ئاداۋەت ۋە سىلە-رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈشى؛ قوشنىدارچىلىققا رىئايە قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشى؛ پەقەت تونۇيدىغان كىشىلەرگىلا سالام بېرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا بىر-بىرىنى تونۇماس بولۇۋېلىشىنىڭ يامراپ كېتىشى؛ قېرىلارنىڭ ياشلارغا ئوخشىۋېلىشى؛ ئىسلام تەرغىب قىلغان سۈننەتلەرگە سەل قاراشنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىقلار.

يەتتىنچى، دەۋر ئۆزگىرىپ، ھەتتاكى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنىشى؛ مۇشۇ ئۇممەتتە شېرىكنىڭ يامراپ كېتىشى؛ يامغۇرلارنىڭ كۆپىيىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئازىيىشى؛ زامانلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن بولۇشى؛ ۋاقىتتا بەرىكەتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى؛ يېڭى چىققان ئاينىڭ كۆپۈشى؛ يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قاتتىق جىسىملارنىڭ ئىنسانلارغا گەپ قىلىشى ۋە مۇئمىنىنىڭ چۈشىنىڭ راست چىقىشى قاتارلىقلار.

سەككىزىنچى، فۇرات دەرياسىنىڭ سۈيى تۈگەپ ئالتۇن تاغنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى؛ يامانلىقلار يوقىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەدىنە شەھرىدە سالىھ ۋە تەقۋا كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ قالماسلىقى؛ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قايتىدىن يايلاق ۋە دەريالارغا ئۆزگىرىشى؛ كىشىلەر بويسۇنىدىغان قەھتانلىق بىر كىشىنىڭ مەيدانغا چىقىشى قاتارلىقلار.

توققۇزىنچى، رۇملۇقلارنىڭ كۆپىيىپ مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ھەتتاكى تاش ۋە دەرەخنىڭ: «ئى مۇسۇلمان! مانا بۇ يەھۇدىي، كەل، بۇنى ئۆلتۈر» دېيىشى.

ئونىنچى، ئىستانبول شەھىرىنىڭ فەتھ قىلىنغىنىدەك رىم (يەنى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رىم) شەھىرىنىڭ فەتھ قىلىنىشى قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قىيامەتنىڭ نۇرغۇنلىغان كىچىك ئالامەتلىرى بار بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الَّذِينَ كَفَرُوا فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ۞ الَّذِينَ عَاهَدْتَ مِنْهُمْ ثُمَّ يَنْقُضُونَ عَهْدَهُمْ فِي كُلِّ مَرَّةٍ وَهُمْ لَا يَتَّقُونَ ۞ فَإِمَّا تَثْقَفَنَّهُمْ فِي الْحَرْبِ فَشَرِّدْ بِهِمْ مَنْ خَلْفَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ [55]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىكلىرى ئۈستىدە) مۇئاھىدە تۈزدۈڭ، ئۇلار بولسا ھەر قېتىمدا مۇئاھىدىسىنى بۇزىدۇ، ئۇلار الله تىن قورقمايدۇ [56]. ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن) [57]» (سۈرە ئەنفال 55- ئايەتتىن 57- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «<ھايۋان> دېگەن ئىبارە — يەر يۈزىدە قىمىرلاپ يۈرگەن، ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەخلۇقاتنى بىلدۈرسىمۇ لېكىن قۇرئان تېكىستى بۇ يەردە بۇ ئىبارىنى ئادەملەرگە ئىشلىتىپ، ھايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تۈرلۈك مەنىنى ئىلھام قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئادەملەر زېمىن يۈزىدە قىمىرلاپ يۈرۈۋاتقان ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش ھايۋانلارغا ئايلىنىدۇ. مانا بۇلار كاپىر بولۇپ، شۇ كۇفرىلىق سەۋەبىدىن مۇئمىنگە ئايلىنالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان ۋە دائىم الله تىن قورقماستىن ئەھدىسىنى بۇزۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەر ھەققىدە نۇرغۇن تەپسىرلەر نەقىل قىلىنغان. بەزى ئالىملارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە مەدىنە ئەتراپىدا ياشاۋاتقان مۇشرىك ئەئرابىلار... نەس (قۇرئان تېكىستى) ۋە تارىخىي رېئاللىق يۇقىرىقى مۇشرىك ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇشۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە كىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ چۈنكى يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزغاندىن كېيىن، بىر گۇرۇھنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر گۇرۇھ ئەھدىنى بۇزۇپ كەلگەن. شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭمۇ ئەھدىنى بۇزۇشى تەكرار يۈز بەرگەن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئايەتلەر بەدىردىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى مۇشۇ ئايەتلەر نازىل بولغانغا قەدەر يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلىكلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە چىققان ھۆكۈم ئەھدىنى بۇزغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ، ئەھدىنى بۇزۇش بولسا ئۇلارنىڭ دائىملىق سۈپىتى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. مانا مۇشۇ كاپىر بولغان ۋە كۇفرىدا قاتتىق ئەزۋەيلىگەن كىشىلەر بۇ دىنغا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ پىترەت (يارىتىلىش تەبىئەت)لىرى شۇ سۈپەتلىرى سەۋەبلىك بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋە شۇ تۈپەيلى ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەسكەش ھايۋان بولۇپ قالغان. مانا بۇ ئۆزلىرى چىڭقتقان ئەھدىنى بۇزغان كىشىلەر — ئەھدىگە ۋاپا قىلىش خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتىن چىققان ۋە چەكلىمىسىز، ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان چاھارپايلاردەك ھېچبىر چەكلىمىگە رىئايە قىلمايدىغان مەخلۇقلاردۇر. بەلكى چاھارپايلاردىنمۇ تۆۋەن مەخلۇقلاردۇر چۈنكى چاھارپايلار ئۆزىنىڭ پىترىتىنىڭ چەكلىمىسىگە رىئايە قىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئىنسان سىياقىدىكى مەخلۇقلار بولسا ھېچقانداق چەكلىمىگە رىئايە قىلمايدۇ، دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە (يەنى الله نىڭ ھۆكۈمىدە) مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. مانا بۇلار — ئۆز ئەھدىسى ۋە يامانلىقى بىلەن ھېچكىمنى خاتىرجەم قىلالمايدىغان مەخلۇقلاردۇر شۇڭا ئۇلارنىڭ جازاسى خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم بولۇشتۇر چۈنكى ئۇلار باشقىلارنى ھەم خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ جازاسى قورقۇتۇلۇش، سۈرگۈن قىلىنىش ۋە سەرگەردان قىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ قولىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇش — ئۇلارنىلا قورقۇتۇپ قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى دۈشمەنلىرىنىمۇ ھەم قورقۇتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۇ مەخلۇقلار بىلەن جەڭدە ئۇچراشقاندا، ئۇلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان: <ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)>...

ھەقىقەتەن مانا بۇ ئاجايىپ ئىپادىلەش بولۇپ، ئۇ — قورقۇنچلۇق ئازاب دەھشىتىنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق ئازابكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزىلا قېچىشقا يېتەرلىكتۇر. ئۇنداق بولغان يەردە بۇ ئازابنىڭ ئۆزىگە ئەمەلىي يولۇققان كىشىنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر!؟ مانا بۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر زەربىكى، ئەھدىنى بۇزۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ كاپىرلارنى مۇشۇ زەربە ئارقىلىق جازالاشقا الله ئۆز پەيغەمبىرىنى بۇيرۇدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت:

بىرىنچى بولۇپ، ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئەمىنلىككە ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچى بولۇپ، بۇ جەمئىيەتكە قارشى چىققانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىگە يېقىندىن ياكى يىراقتىن توسالغۇ بولۇشنى خىيال قىلىشقا ھېچكىمنى پېتىنالمايدىغان قىلىش. مانا بۇ سۈپەت — بۇ مەنھەجنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، بۇ خىل تەبىئەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشلىرى زۆرۈردۇر. ھەقىقەتەن بۇ دىنىنىڭ ھەيۋىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى، سەلتەنىتى شۇنداقلا ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن تاغۇتلارنى زىلزىلىگە سالىدىغان قورقۇنچىسى بولۇشى كېرەك چۈنكى بۇ دىن — يەر يۈزىدە ھەر قانداق ئىنساننى ھەر قانداق تاغۇتقا قۇل بولۇشتىن ئازاد قىلىپ، ئەركىنلىككە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان دىندۇر. تاغۇت كۈچلىرىدىن ئىبارەت ماددىي توسالغۇلارغا پەقەت دەۋەت ۋە تەبلىغلەر بىلەنلا قارشى چىقىش بۇ دىنىنىڭ مەنھەجىدۇر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېرى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر» («في ظلال قرآن»دىن ئېلىندى).

### يۇقىرىقىلاردىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، كاپىر-مۇشرىكلارنىڭ پەن تېخنىكىسى ھەر قانچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ئىسلامىي قىممەت ئۆلچىمىدە ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكى. (ئۇلۇغ الله بىزنى ئىماندىن ئىبارەت بۇ نېئمەتتىن ئايرىۋەتمىسۇن.)

ئىككىنچى، كۇفرىدا ئەزۋەيلەۋېرىش — قەلبىنىڭ قېتىپ ئاخىرىدا ئىماندىن مەھرۇم قېلىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى.

تۆتىنچى، كاپىرلارنى مۇسۇلماندىن ئەيمىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە كاپىرلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ قويۇش ۋە كۈچ كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ ﷺ قَالَ: «مَا يَنْتَظِرُ أَحَدُكُمْ إِلَّا غِنًى مُطْغِيًا أَوْ فَقْرًا مُنْسِيًا أَوْ مَرَضًا مُفْسِدًا أَوْ هَرَمًا مُفَنِّدًا أَوْ مَوْتًا مُجْهِزًا أَوِ الدَّجَّالَ فَالدَّجَّالُ شَرُّ غَائِبٌ يُنْتَظَرُ أَوِ السَّاعَةَ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ» (رَوَاهُ التِّرْمِذِيّ).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەرگە مەغرۇرلاندۇرىدىغان بايلىق، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان كەمبەغەللىك، بەدەننى بۇزىدىغان كېسەللىك، ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىغان قېرىلىق، تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈم، كۈتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان دەججال، قىيىن ۋە جاپالىق بولغان قىيامەت

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك ئىش كېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار» دېگەن (تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە بىر نەچچە ئىشلارغا ئىشارە قىلغان بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىشلارغا يولۇقۇشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىرىشى لازىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «يەتتە تۈرلۈك ئىش كېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار» دېگەنلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ يەتتە خىل ئىش ئىنساننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئىنسان بۇنىڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، مەغرۇرلاندۇرغۇچى بايلىق. اللە ئىنسانغا مال، بالا، ئايال، ھويلا-ساراي، قاتناش قورالى، يۈز-ئابرۇي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بايلىققا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان نېئمەتلەر بىلەن مەدەت بېرىش ئارقىلىق ئۇنى باي قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ خىل ھالەتتە ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدۇ-دە، ھەددىدىن ئېشىپ ھاكاۋۇرلىشىپ، اللە قا قۇللۇق قىلىشتىن تەكەببۇرلارچە باش تارتىدۇ. خۇددى اللە تعالى ئېيتقاندەك: «شەك-شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (اللە قا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ» (سۈرە ئەلەق 6-، 7- ئايەتلەر).

ئارقىدىن اللە تعالى ئىنساننىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ: «(ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)» (سۈرە ئەلەق 8- ئايەت) دەپ تەھدىت سالىدۇ. بىز بەزىدە ھەقىقەتەن بايلىقنىڭ بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرىمىز. (اللە ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

سەن ئىنساننىڭ كەمبەغەل ھالىتىدە اللە نىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خار تۇتقان ھالدا ئىبادەتكە ۋە تەۋبىگە بېرىلگەنلىكىنى، اللە ئۇنى باي قىلغاندا بولسا ھاكاۋۇر ۋە تەكەببۇر يۈرگەنلىكىنى كۆرىسەن شۇڭا ھەقىقىي بەخت — مالنىڭ كۆپ بولۇشى ئەمەس بەلكى باي بولغاندا ھەددىدىن ئاشماسلىق، كەمبەغەل بولغاندا پەرزلەرنى تاشلىماسلىق، بەلگىلەنگەن شەرئىي ۋەزىپىلەرنى تەرك ئەتمەسلىكتۇر. مانا بۇ — ھەقىقىي بەختتۇر.

ئىككىنچىسى، ئۇنتۇلدۇرغۇچى كەمبەغەللىك. يەنى، قول ئىلكىدە بولمىغان ۋە ئىنسانغا كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان يوقسۇزلۇق. چۈنكى، يوقسۇزلۇق كىشىنى رىزىق ئىزدەش بىلەن كاشىلا قىلىپ كۆپلىگەن مۇھىم ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، بەدەننى بۇزغۇچى كېسەللىك. گاھىدا كېسەل ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئىنسان ساغلام بولغاندا كۆڭلى-كۆكسى كەڭرى، باشقىلار بىلەن چىقىشقاق ۋە ئۈلپەتداش بولىدۇ لېكىن كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندا چۈشكۈنلىشىپ، كەڭ زېمىن تار تۇيۇلۇپ، ئۆزىنىڭ جېنى ئۇنىڭ بىردىنبىر غېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىنسان دائىم ساغلام بولۇپ بولالمايدۇ، ئىنساننى ھەر دائىم كېسەللىك كۈتۈپ تۇرىدۇ. قانچىلىغان ئىنسان سالامەت تاڭ ئاتقۇزۇپ، كەچ بولغاندا كېسەل تېگىپ زەئىپلىشىپ قالىدۇ ياكى سالامەت كەچ قىلىپ، تاڭ ئاتقاندا كېسەل تېگىپ قالىدۇ شۇڭا ئىنسان قاتتىق ھوشيار بولۇپ، مۇشۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىرىشى لازىمدۇر.

تۆتىنچىسى، ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىغان قېرىلىق. ئىنسان قېرىغاندا گۆدەك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. گۆدەك بالا دېگەن ئەزەلدىنلا ئەقلى يوق بولۇپ، ھېچنەرسە بىلمەيدۇ لېكىن بۇ خىل قېرىلىقتا ئىنسان بىر نەرسىنى بىلىپ، چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن بىلمەيدىغان ھالەتكە قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېشى چوڭ بەزى قېرىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى گۆدەك بالىلاردىنمۇ بەكرەك رەنجىتكەنلىكىنى كۆرىمىز چۈنكى بۇ قېرىلارنىڭ ئىلگىرى ئەقلى بار ئىدى.

بەشىنچىسى، تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈم. گاھىدا ئىنسان ئۆلۈم سىگنالى كەلىمەي تۇرۇپمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. گاھىدا كۆرپىسىدە ئۇخلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، گاھىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىزمەت ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، گاھىدا يولدا كېتىۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىنسان ئۆلسە پۈتۈن ئەمىلى توختايدۇ لېكىن ئۈچ ئىش توختىمايدۇ:

1. سەدىقە جارىيە (مەسىلەن، رىبات دېگەندەك)؛ 2. باشقىلارغا پايدىسى يېتىپ تۇرىدىغان ئىلىم؛ 3. ئاتا-ئانىسىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت. شۇڭا، ئىنسان ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىرىشى كېرەك.

ئالتىنچىسى، كۈتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان غەيبىي يامانلىق — دەججال. دەججال دېگەن — لۇغەت مەنىدە ھەددىدىن زىيادە يالغانچى، ساختىپەز دېگەنلىك بولۇپ؛ شەرئىي مەنىدە بولسا، ئۇ بىر ئەر كىشىكى، اللە ئۇنى ئاخىرقى زاماندا ئەۋەتىدۇ ھەتتاكى ئۇ پەرۋەردىگارلىق دەۋاسىنى قىلىشقا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ پىتنىسىدە (يەنى ئازدۇرۇشىدا) 40 كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ قىرىق كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك بولىدۇ، يەنە بىر كۈنى بىر ئايدەك بولىدۇ، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك بولىدۇ، قالغان كۈنلىرى بولسا ھازىرقى مۇشۇ كۈنىمىزدەك بولىدۇ. اللە دەججالغا باشقىلارغا بېرىپ باقمىغان ئىقتىدارلارنى بېرىدىغان بولۇپ، ھەتتاكى دەججال ئاسمانغا بۇيرۇق قىلسا، شۇ زامان يامغۇر ياغىدۇ؛ زېمىنغا بۇيرۇق قىلسا، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ؛ يەنە بىر بۇيرۇق قىلسا، زېمىن قۇرغاقلىشىدۇ؛ ئاسماننىڭ يامغۇرسىز بولۇشىغا بۇيرۇق قىلىدۇ-دە، يامغۇر توختايدۇ. دەججال بىلەن بىرگە جەننەت ۋە دوزاخ بولىدۇ لېكىن دەججالنىڭ جەننەت دېگىنى ھەقىقىي دوزاخ، دوزاخ دېگىنى ھەقىقىي جەننەتتۇر. دەججال دېگەن بۇ كىشىنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى گويا پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا «كافر» يەنى ك، ف، ر دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى خەت يازالايدىغان ۋە يازالمايدىغان ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ لېكىن ھەر قانچە خەت ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولغان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق مۇناپىق ياكى كاپىر ئوقۇيالمايدۇ. مانا بۇ كىشىگە اللە تعالى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشۈپ پەلەستىندىكى لۇد ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. خۇلاسە گەپ شۇكى، دەججال بولسا كۈتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان غەيبىي يامانلىقتۇر. شۇڭا، بىز ھەر بىر نامىزىمىزدا: «ئى اللە! مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىمىز چۈنكى بۇ پىتنە ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ كاتتا پىتنىدۇر.

يەتتىنچىسى، قىيامەت. بۇ بولسىمۇ پۈتۈن مەخلۇقات ئۆلىدىغان كۈندۇر.

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، دەججال ھادىسىسى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش پەرزدۇر.

ئىككىنچى، دۇنيا ئازابى ئاخىرەت ئازابىدىن تولىمۇ يەڭگىلدۇر شۇڭا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇپ قالغۇچى ھادىسىلەر يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەلگە ئالدىراش لازىمدۇر.

ئۈچىنچى، ئىنساننى ياخشى ئەمەلدىن ئەڭ بەك توسقۇچى ئامىل — قاتتىق كەمبەغەللىك، بايلىق، كېسەللىك ۋە قېرىلىقتۇر.

تۆتىنچى، مۆئمىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىلى بولىدىغان مەۋسۇم ۋە مەزگىللەردىن سودىگەرگە ئوخشاش ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك چۈنكى سودىگەر دېگەن كاتتا پايدىلارنى ئالغىلى بولىدىغان مەۋسۇملەرنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىدۇ.

بەشىنچى، دەججالنىڭ تەشۋىقات كۈچىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئىنسان سەمىمىي دوستنى دۈشمەن دەپ، دۈشمەننى سەمىمىي دوست دەپ ئويلاپ قالىدىغانلىقى.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

كەئب ئىبنى ئەشرەف يەھۇدىيلار ئىچىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ئىنتايىن ئاشكارا دەۋەت قىلىدىغان يەھۇدىي ئىدى. ئۇ كۆپىنچە ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە سوئال سورايتتى ھەمدە باشقىلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى قۇتراتتىش ۋە غەزىپىنى قوزغاش مەقسىتىدە، توغرا ۋە ھەق ئىشلار ئۈستىدىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن دەتالاش قىلاتتى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇناپىق ۋە يەھۇدىيلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىكى ئۇسلۇبى بويىچە كەئب ئىبنى ئەشرەف ئوچۇق-ئاشكارا بىر سۈيىقەست ئىشلىمىگۈچە ئۇنى ئۆلتۈرمىدى. مەسىلەن، كەئب ئىبنى ئەشرەفكە بەدر ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى ۋە قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇ: «مانا بۇلار ئەرەبنىڭ ئېسىلزادىلىرى ۋە پادىشاھلىرى تۇرۇقلۇق بۇ ئىشلار قانداقمۇ ھەق بولسۇن!؟ اللە بىلەن قەسەم، ئەگەر مۇھەممەد مۇشۇ قەۋمنى مەغلۇپ قىلىدىغان بولسا زېمىننىڭ ئىچى (يەنى قەبرىنىڭ ئىچى) مەن ئۈچۈن زېمىننىڭ سىرتىدىن سۆيۈملۈكراقتۇر» دېگەن.

ئاندىن كېيىن كەئب ئىبنى ئەشرەف شۇ ھالىتىدە مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە ھەجۋىي شېئىر توقۇپ، ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزۈپ، قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۆئمىنلەرنى ھەجۋىي قىلىپ، مۇشرىكلارنى مۆئمىنلەرگە قارشى كۈشكۈرتۈپ نەشىدىلەرنى ئېيتاتتى ھەمدە قەلىيب قۇدۇقىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلار ئۈچۈن يىغلايتتى. ئاخىرى ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلغاندىلا ئاندىن كۆڭلى تىنجىدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭدىن: «سېنىڭچە ئەڭ توغرا ۋە ھەققە ئەڭ يېقىن بولغان دىن بىزنىڭ دىنىمۇ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «ئەڭ توغرا ۋە ئەۋزەل يول (يەنى دىن) سىلەرنىڭ دىنىڭلاردۇر» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋاقىتتا اللە تعالى سۈرە نىسانىڭ 51- ئايىتىنى نازىل قىلدى: «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟! ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: <بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى)نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر> دەيدۇ».

كەئب ئىبنى ئەشرەف مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەئبنىڭ يوپۇقى ئالدىدا قۇرەيشلەر بىلەن قەسەم قىلىشتى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ھېچكىمگە ياردەم بەرمەسلىك توغرىلىق كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كەئب يۇقىرىقى قەسىمى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزغان بولدى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، يەھۇدىيلار زەئىپ بولغانلىقى ۋە تۇرالغۇ، مەنپەئەت ھەم كۆز قاراش جەھەتلەردە چېچىلاڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا زەربە بېرىشتە روبىرو مەيدانغا چىقماستىن بەلكى پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ زەئىپ ۋە مىكىرلىك يوللار بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھېچبىر ئىشنى ھېسابسىز تاشلاپ قويمايدىغانلىقى لېكىن پەقەت دۈشمەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈش مەقسىتىدىلا ئۇنىڭغا مۆھلەت ۋە پۇرسەت بېرىدىغانلىقى شۇڭا كىم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلسا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى جازالايتتى، كىم ياخشى نىيىتىنى ئىزھار قىلسا ئۇنى مۇكاپاتلايتتى.

ئۈچىنچى، بىرەر كىشى ئوچۇق دەلىل-ئىسپاتقا يارىغۇدەك بىر ئاشكارا سۈيىقەستنى قىلمىغۇچە ياكى ئاشكارا جىنايەت ئىشلىمىگۈچە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەيتتى.

تۆتىنچى، مۇخالىپەتچىلەرنىڭ ئىسلامىي دۆلەتكە ياكى دۆلەتنىڭ ھاكىمىغا ۋە ياكى ئۈممەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بىرەر پۇقراغا قارشى ھىيلە-مىكىر ۋە سۈيىقەستلىرى ئاشكارا ئىسپاتلىنىپ چىققاندا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، كاپىرلارنىڭ دىنىنى، پۈتۈن قانۇن-تۈزۈملىرىنى ۋە شۇ قانۇن-تۈزۈم ئىچىدىن ئىسلامدىكى ھارامنى (يەنى قانۇنسىز ئىشنى) ھالال (يەنى قانۇنلۇق) ياكى ھالالنى ھارام ۋە ياكى پەرزنى پەرز ئەمەس دېگەنگە ئوخشىغان كۇفۇر ماددىلارنى توغرا دېيىش مۇسۇلماننى دىندىن چىقىرىپ مۇرتەد، كاپىرغا ئايلاندۇرۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرىدىغان ئامىللاردىندۇر.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

1973- يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئۇرۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، 1974- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى مىسىر جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن شۇكرى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ جامائىتى ھەققىدە كەچۈرۈمنامە ئېلان قىلىندى لېكىن شۇكرى مۇستاپا يەنە قايتىدىن ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە كىرىشىپ كەتتى ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ قويۇقراق تۈس ئالدى چۈنكى ئۇ جامائەتنىڭ ئۇل ئاساسىنى كېڭەيتىش ۋە سەپنى قايتا تەشكىللەش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

مىسىرنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن نۇرغۇن يېڭى ئەزالارنى بۇ جامائەتكە قوشۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ، جامائەت ئەزالىرىنى نۇرغۇن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ مال توپلاش غەرىزىدە چەت ئەللەرگە سەپەر قىلدۇردى. شۇ سەۋەبتىن مىسىردىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە خاۋارىج ئىدىيىسى كەڭ تارقالدى.

شۇكرى مۇستاپا ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تولۇق پائالىيەت شارائىتلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ ئۇلارنى دەۋەت، ئەمەل-ئىبادەت، ناماز ۋە شەرئىي دەرسلەرنى ئۆتۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلاتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئەزالىرىنى جەمئىيەتتىن ئايرىۋەتكەن ئىدى چۈنكى جامائەت ئەزالىرى ھەربىر ئېھتىياجلىرىدا شۇ جامائەتكە تايىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. قانداق بىر ئەزا قىڭغىر كەتسە جىسمانىي ئازابقا دۇچار بولاتتى. ئەگەر جامائەتتىن چىقىپ كەتسە كاپىر ھېسابلىناتتى شۇنداقلا بۇ جامائەتنىڭ سىرتىدىكى پۈتۈن جەمئىيەت كاپىر ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن جامائەتتىن چىقىپ كەتكەن كىشى تازىلىنىپ كېتەتتى (يەنى ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى).

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ جامائەت مىسىر ھۆكۈمىتى ئورگانلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان، بولۇپمۇ مىسىرنىڭ سابىق دىنىي ئىشلار مىنىستىرى مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبى (بۇ كىشى شۇ دەۋردىكى كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى)نى ئۆلتۈرگەن ۋە جامائەت ئەزالىرى بىلەن مىسىر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن ھەمدە 1977- يىلىدىكى 6- نومۇرلۇق دىلونىڭ سوت قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى مەھكىمىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ قارشىلىققا ئۇچرىغان. بۇ قېتىملىق سوتتا جامائەتنىڭ شۇكرى مۇستاپا ۋە ماھىر ئابدۇلئەزىز بەكرى باشچىلىقىدىكى بەش رەھبىرىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى. جامائەتنىڭ قالغان ئەزالىرى بولسا ئوخشىمىغان مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا مەھكۇم بولدى.

1978- يىلى 4- ئاينىڭ 30- كۈنى تاڭ سەھەردە ئەنۋەر سادات بەيتۇلمۇقەددەسنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا شۇكرى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى.

بۇ جامائەت دەھشەتلىك زەربىلەرگە يولۇققاندىن كېيىن مەخپىي ھەرىكەت تۈسىنى ئالدى. بۇ تاكتىكا بۇ جامائەتنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى لېكىن بۇ مەۋجۇتلۇق ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى (لېكىن بۇلار 1996- يىللاردىكى ئالجىرىيە قورالىق جىيا جامائىتى خاۋارىجلىرى ۋە ھازىرقى دائىش خاۋارىجلىرىغا تەسىر كۆرسەتتەلىدى) چۈنكى ئۇلار تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەلەفىي ئەقىدە ۋە مەنھەجدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى دەۋەتچىلىرىنىڭ دىئالوگ ۋە مۇنازىرىلىرىگە يولۇققانلىقىدىن ئىبارەت كۈچلۈك توقۇنۇش نەتىجىسىدە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ جامائەتتىن ئادا-جۇدا بولۇپ ھوشىنى تېپىشتى.

ماھىر ئابدۇلئەزىز زەناتى (ئەبۇ ئابدۇللاھ) — بۇ كىشى شۇكرى مۇستاپانىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ۋە شۇكرى مۇستاپانىڭ نائىبى بولۇپ، جامائەتنىڭ تەشۋىقات مەسئۇللۇقى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭغا 1977- يىلىدىكى شەيخ مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى 6- نومۇرلۇق دىلو مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان. ئۇ «ھىجرەت» ناملىق بىر كىتابنى يېزىپ چىققان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

❇❇❇❇❇❇❇❇❇

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

گەرچە كىچىك پامىرنىڭ غەربى، سەرھەد ۋە ئۈستۈنكى ۋاخان رايونىدىن كەلگەن ۋاخى چارۋىچىلارنىڭ پەسىللىك مال-چارۋا بېقىش ئورنى بولسىمۇ، بۇ كىچىك پامىر ئاساسلىقى تۈركىي تىلىدىكى قىرغىز خەلقلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ تۇرىدىغان جايىدۇر. 1200 غا يېقىن ۋاخانلىق قىرغىزلار 1978- يىلى پاكىستانغا كۆچۈپ كېتىپ، كېيىن تۈركىيە ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياردەم پىلانىنىڭ ئاستىدا تۈركىيىنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، 100 ئەتراپىدىكى قىرغىز ئاھالىسى ماللىرى بىلەن بۇ ئوتلاقلاردا قېلىپ قالغان.

قىرغىزلار كىچىك پامىردىن كۆپ مىقداردىكى ئارقار، مولۇن ۋە باشقا ياۋايى جانلىقلار بىلەن بىرگە پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان سودا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسى پاكىستاننىڭ گىلگىت رايونى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقورغان رايونى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىق ۋە قېزىلما بويۇملار ئارقىلىق ياخشى ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى دوكلات قىلىنغان بولسىمۇ بىراق كەڭ تارقالغان ئەپيۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرماقتا.

سوۋېت ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى قىرغىزلارغا يېمەكلىكى ئۈچۈن ئارقار ۋە مولۇنلارنى ئوۋلاشقا ئىجازەت بېرىلگەن ئىدى.

## 3. ۋاخاندا بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئىشلار

پامىر تاغلىرى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ئورۇن ئىدى. بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى 1968- يىللىرى باشلانغان ئارقار ئوۋلاش مۇسابىقىسىدۇر. بۇ مۇسابىقە بۇ يەردىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشكە سەۋەب بولغان. سوۋېت ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بۇ يەردىكى ياۋايى جانلىقلار ھەققىدە ئۈچ پارچە تەتقىقات نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان.

## 4. 1971- يىلىدىكى ۋاخان كارىدورىدىكى بوتانىكلىق تەكشۈرۈش

ۋاخان كارىدورى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ رايوننىڭ ئۇزۇنلۇقى 210 كىلومېتىر، كەڭلىكى 11 كىلومېتىردىن 96 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ ھەمدە بۇ رايوننىڭ شىمال تەرىپىگە تاجىكىستان پامىر تاغلىرى، جەنۇب تەرىپىگە پاكىستاننىڭ چاترال رايونىغا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ھىندىقۇش تاغلىرى، شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە ھونزا تاغلىرى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى توغرا كېلىدۇ. ۋاخان كارىدورىنىڭ شەرق تەرىپىگە شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە بولغان تاغدۇمباش پامىر جايلاشقان. بۇ كارىدور ئامۇ دەرياسى (يەنى ئۆش دەرياسى)نىڭ يۇقىرى ئورۇنلىرىغا جايلاشقان جىلغىلاردىن تۈزۈلگەن. ئامۇ دەرياسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىككى تارماق ئېقىنى غەربىي ۋاخاندىكى پەنج دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە قوشۇلىدۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تارمىقى بولغان سېرىقكۆل دەرياسى (يەنى پامىر دەرياسى) تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگراسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ دەريا (يەنى سېرىقكۆل دەرياسى)نىڭ مەنبەسى چېگراغا خۇددى ئاتنىڭ ئېگىرىگە ئوخشاش جايلاشقان سېرىقكۆلدۇر. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدىغان مۇھىم يولنىڭ بىرى بولغان ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدىغان ۋاخان دەرياسىدۇر.

ۋاخاندىكى جىلغىلار ناھايىتى كەڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جىلغىلار ئۆتكەنكى مۇز ئېراسىنىڭ ئىزلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. جەنۇب تەرەپتىن ھونزاغا تۇتۇشىدىغان جىلغىلارغا ئوخشاش كۆپلىگەن جىلغىلاردا ئۆتكەن مۇز ئېراسىغا ئالاقىدار مۇزلۇقلارنىڭ قالدۇقلىرى بار. بۇ رايون ناھايىتى سوغۇق، دەل-دەرەخلىرى ئاز ۋە ئوت-چۆپلىرىمۇ ناھايىتى كىچىك بىر دائىرىگە تارقالغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ رايوننىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر گۈزەللىكى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بۇ رايوننىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىنتايىن ئاز بىلىنگەنلىكى ۋە چەت سەھرا بولغانلىقىدۇر. ۋاخان كارىدورىغا ئىنتايىن ئاز ساندىكى چەتئەللىكلەر تەكشۈرۈش ياكى باشقا مەقسەتلەر بىلەن كەلگەن. بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى ئەنگلىيىلىك كىشى ھىندىستان دېڭىز ئارمىيىسىدىكى جوھون ۋۇد (Joh Wood) بولۇپ، ئۇ بۇ يەرگە 1836- كەلگەن ھەمدە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش ۋە ساياھىتىنى ئاساس قىلىپ يازغان «ئۆش دەريالىرىنىڭ مەنبەسىگە قىلىنغان زىيارەت» (A «Journey to the Source of the River Oxus») ناملىق زىيارەت خاتىرىسى 1872- يىلى نەشر قىلىنغان. ئۆتكەن ئەسىردىن بۈگۈنگە قەدەر ۋاخان رايونىنىڭ قىياپىتىدە ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىدى. 1960~1970- يىللىرىدىن باشلاپ سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى داۋامىدىكى ۋاقىتلاردا پەقەت بارماق بىلەن سانىۋالغىلى بولغۇدەك ئاز ساندىكى ياۋروپالىقلار بۇ يەردە تەكشۈرۈشتە بولدى. مەن 1971- يىلى برىستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور تى. ئىف. خەۋىر بىلەن ئۆسۈملۈك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتنى ئاساس قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. بۇ رايوندا ئاساسەن ئۆسۈملۈك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بولغاچقا، مەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتتۇم. بۇ يەرگە كىرىش ئافغانىستان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىجازىتى ۋە ھاۋا رايىنىڭ يامان تەرەپكە ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. باھار ۋە ياز ئايلىرىدا قار ئېرىگەنلىكى ئۈچۈن دەريالارنىڭ سۇلىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ شۇڭا بۇ دەريالاردىن كېچىپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ بىراق بۇ دەريالارنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىدە ياغاچ كۆۋرۈكلەر بار.

بىز 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كابۇلدىن يولغا چىقىپ سالاڭ ئارقىلىق ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى تەرەپكە يول ئالدۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاخان كارىدورى تەۋە بولغان ئافغانىستان بەدەخشان ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرى مەركىزى فەيزاباداقا كەلدۇق. فەيزابادتىن كۆكچە دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان يول ئارقىلىق ئەپيۇنگۈلى كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدىغان چەت-ياقا رايون زىباكقا كەلدۇق. زىباكقا كېلىپ بىر كۈندىن كېيىن ۋاخانغا بارىدىغان تار كىرىش ئېغىزى بولغان ئىشكەشىمگە كەلدۇق.

ئۆش دەرياسى (ۋاخاندىكى قىسمى ئابى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ) كەڭ، تېز ئاقىدىغان ۋە سۈيى لاي دەريا بولۇپ، دەريا بويلىرى كىچىك دائىرىدە سۆگەت ۋە ئاق تىكەنلەر ئۆسكەن تاشلىق زېمىندىن ئىبارەت. دەريانىڭ يانتۇلۇقلىرىدا ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئوتلاۋاتقان قوش لوكىلىق تۆگىلەر بار. شەرققە قاراپ دەرياغا يېقىنلىشىدىغان كىچىك تاشيولنىڭ ھەر ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىقىدا سوۋېتنىڭ تەكشۈرۈش مۇنارلىرى ۋە تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىم توساقلار بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك — كۈچلۈك بولغان چېگرا تۈزۈمىدىن بىشارەت بېرەتتى.

بىز شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە قەلئەيپەنج تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ۋە قەلئەيپەنجىدە يول ئاخىرلاشتى. بۇ يولنىڭ داۋامىنى بىز كېلىشتىن بۇرۇن بىر ھەقتە خەۋەرگە ئېرىشكەن يېزا باشلىقى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئات بىلەن ماڭدۇق.

ۋاخان كارىدورىدا ئىككى قەبىلە ياشايدۇ. غەرب تەرەپتە، يەنى، سەرھەدنىڭ غەرب تەرىپىدە مۇقىم تۇرالغۇلار بار بولۇپ، بۇ تۇرالغۇلار ئادەتتە ئاز ساندىكى ئائىلىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە شىمالىي ئافغانىستاندا ياشايدىغان قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان ۋاخىلار ياشايدۇ. ئۇلار بۇغداي، ئارپا ۋە تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تېرىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. تېخىمۇ شەرق تەرەپتە مۇقىم تۇرالغۇلار يوق بولۇپ، بۇ رايونلاردا قىرغىزلار ياشايدۇ. قىرغىزلار مۇڭغۇل قان سىستېمىسىدىن بولغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، قىرغىزلار ۋاخان كارىدورىنىڭ شەرق تەرىپىدە قوتاز، ئۆچكە ۋە قويلارنى باقىدىغان يازلىق چارۋىچىلىق ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. قىرغىزلار ياشايدىغان زېمىن شەرقىي تۈركىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاخاندىكى قىرغىزلار دۆلەت چېگرالىرى ياكى باشقا توساقلارغا قارىماي ئۇ دۆلەتتىن بۇ دۆلەتكە خالىغانچە كىرىپ-چىقىپ يۈرىدۇ. ۋاخاننىڭ شەرق تەرىپى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، دېھقانچىلىققا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بۇ رايونلاردا ياشايدىغان قىرغىزلار ئەسلىدىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋاخى قوشنىلىرىغا قارىغاندا گۈللەنگەن. قىرغىزلار ياخشى ۋە مەشھۇر قەبىلە بولۇپ، ئەرلەر شىمالىي ئافغانىستاندىكى ئۆزبەگ ۋە تاجىكلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش ئات مىنىشتىكى قابىلىيىتىگە قاراپ تونۇلىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 10- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 18- كۈنىگىچە 493 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 1184 نى ئۆلتۈرۈپ، 585 نى يارىلاندۇرغان؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكىرىدىن 53 نى ئۆلتۈرۈپ، 12 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلان بىلەن بىر دانە يۈك توشۇغۇچى ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، 170 كە يېقىن ئەسكىري ماشىنا ۋە ئەسكىري ئۇسكۈنىلەرنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە بولغان ھاما ۋىلايىتىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى ھەمدە ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى رايونلىرىدىكى جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئەسەد ئارمىيىسى ۋە شىئە ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرۈپ، 1000 دىن ئارتۇقىنى يارىلاندۇرغان؛ 23 دانە تانكا، 2 دانە Bmp ۋە 1 دانە 130mm لىق زەمبىرەكنى ۋەيران قىلغان؛ 2 دانە تانكا، 2 دانە شالاكا ماشىنىسى، 3 دانە زۇكىيەك ماشىنىسى، 4 دانە دوشكا ۋە بىر نەچچە يەڭگىل تىپتىكى قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 25- كۈنى سومالىنىڭ جۇبا ۋىلايىتى جەلەب شەھرىدە سومالى مۇرتەد ئارمىيىسى ئىچىدىكى 2 نەپەر ئەسكەر ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 26- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ھەزرەمەۋت ۋىلايىتى شەبام رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ رابىيە جارۋان ئىسىملىك چوڭ بىر ئەسكىري مەسئۇلىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 11- ئاينىڭ 27- كۈنى بەششار كۈچلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى تەللە ھەجەرە رايونىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغاندا، ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ئۇلارغا قارشى پىستىرما قۇرۇپ، بىر نەپەر ئەسكەرنى ئەسىر ئېلىپ قالغانلىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 11- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان نىشار رايونىنى فەتھ قىلىپ 19 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە قورال-ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 28- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتى جەبەل نۇفان رايونلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان ھۇسى شىئەلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، ئۇلاردىن 7 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، قورال-ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 29- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھۇمۇس ۋىلايىتى بىلەن تەرتۇس ۋىلايىتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان دۆلەتلىك تاشيولغا مىنا قويۇپ، بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىري تەتقىقات گېنېراللىرىدىن بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ئەمەلىيەتنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئۇزۇن مەزگىل پىلانلاپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىرى ئىشقا ئاشۇرغان.

■ 11- ئاينىڭ 29- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا ئىلگىرىلىگەن بەششار ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلىپ چېكىندۇرگەن. يەنە شۇ كۈنى مۇجاھىدلار ھەلەبنىڭ جەنۇبىدىكى ئابىسەن يېزىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەششار ئارمىيىسىنىڭ 2 نەپەر ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالغان، 1 دانە تانكا ۋە 1 دانە ئەسكىري ماشىنىسىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 12- ئاينىڭ 1- كۈنى مۇجاھىدلار سۈرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 2- كۈنى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ خارباخاۋش يېزىسىنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ رايوننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تاغۇت قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇجاھىدلار بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ھەمدە 1 دانە تانكا، 1 دانە شالاكا ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 1 دانە تانكا، 1 دانە تراكس، 2 دانە كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىلنى غەنىيمەت ئېلىپ، بۇ يېزىنى مۇكەممەل قايتۇرۇۋالغان.

■ 12- ئاينىڭ 2- كۈنى سومالىنىڭ جۇبا ۋىلايىتىنىڭ جەلىب شەھرىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 2 نەپەر ئەسكىري مەسئۇلى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 4- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بەلىل يېزىسىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن ۋە 15 تىن ئارتۇق ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 5- كۈنى ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بەلىل ۋە رابدا يېزىلىرىغا بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. 5 سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە مۇجاھىدلار 1 نەپەر ئەسكىري مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىر دانە شالاكا ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى كەچتە پەلەستىن مۇجاھىدلىرى تاجاۋۇزچى يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرگە قارىتا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ بولسا يەھۇدىيلارنىڭ قۇددۇس شەھرىنى پايتەخت قىلىش پىلانىغا قارىتا مۇجاھىدلارنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشى ئىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 7- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان شاكۇسىيە يېزىسىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇنىڭدىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ تاغۇت قوشۇنلىرىنى زور زىيانلارغا ئۇچرىتىپ ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 7- كۈنى سومالىنىڭ جېلجىدود ۋىلايىتى ئەيلبور شەھرىدە مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 3 نەپەر ئەسكەر قورال-ياراغلىرى بىلەن ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| ثَقِيْلٌ | ئېغىر | هَذَا الْحَجَرُ ثَقِيْلٌ | بۇ تاش بەك ئېغىر |
| خَفِيْفٌ | يەڭگىل | نَبَضَ الْقَلْبُ خَفِيْفًا | يۈرەك يەڭگىل سوقتى |
| غَلِيْظٌ | قوپال | لَا تَغْلُظْ عَلَى الْإِخْوَةِ | بۇرادەرلەرگە قوپاللىق قىلما! |
| مَتِيْنٌ | مۇستەھكەم، چىڭ | هَذَا الْحَبْلُ مَتِيْنٌ جِدًّا | بۇ ئارغامچا بەك مۇستەھكەم |
| عِرْقٌ | تومۇر، يىلتىز | نَبَضَ عِرْقُهُ سَرِيْعًا | ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشى تېزلەشتى |
| غُصْنٌ | شاخ | جَعَلْنَا الْغُصْنَ الْيَابِسَ حَطَبًا بِكَسْرِهِ | بىز قۇرۇپ قالغان شاخنى سۇندۇرۇپ ئوتۇن قىلدۇق |
| قِشْرٌ | قوۋزاق | هُوَ يَكْشِطُ قِشْرَ الشَّجَرَةِ | ئۇ دەرەخ قوۋزىقىنى سويۇۋاتىدۇ |
| حَبٌّ | دان | أَلْقِ الْحَبَّ لِلدُّجَجِ يَا مَحْمُوْدُ | مەھمۇد! توخۇلارغا دان چېچىپ بەر |
| وَرَقٌ | يوپۇرماق | هَذِهِ الشَّجَرَةُ طَوِيْلُ الْوَرَقِ | بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق |
| زَهْرٌ | چېچەك | زَهْرُ الْمِشْمِشِ أَبْيَضُ | ئۆرۈك دەرىخىنىڭ چېچىكى ئاق |
| ثَمَرٌ | مېۋە | إِشْتَرَيْتُ الثَّمَرَ مِنَ السُّوقِ | مەن بازاردىن مېۋە سېتىۋالدىم |
| غَيْرٌ | باشقا | لَا إِلَهَ غَيْرُ اللَّهِ | الله تىن باشقا ھېچ مەئبۇد يوقتۇر |




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. قۇرئان كەرىمدە قانداق سۆز ۋە قانداق ئىش تىلغا ئېلىنمىغان؟
2. ئۆزى قىزىل قېنى يوق، ئاچچىقى يامان جېنى يوق. ئۇ نېمە؟
3. قۇشقاچ 5 پۇڭ، كەپتەر 5 كوي، توخۇ 1 كوي بولسا 100 كويغا قانچە قۇشقاچ، قانچە كەپتەر، قانچە توخۇ كېلىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. توخۇ ئون ئىككى، توشقان ئالتە.
2. ئادەم تانا تارتىش مۇسابىقىسىدە ئالدىغا ماڭسا مەغلۇپ بولىدۇ، كەينىگە ماڭسا غەلىبە قىلىدۇ.
3. چۈنكى بېكار ئورۇن بار.

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### كۆرۈش قۇۋۋىتىڭىزنى مۇنداق ئاسراڭ

كۆز تورلاشسا، مېڭىمۇ تەڭ قېرىيدۇ شۇنداقلا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى چېكىنىدۇ شۇڭا كۆرۈش قۇۋۋىتىڭىزنى ئاسراپ، مېڭە ئىقتىدارىڭىزنىڭ چېكىنىشىدىن ساقلىنىڭ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەسكەرتىشىچە، بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچى، كىسانتوفىل (ئۆسۈملۈك تەركىبىدىكى بىر ئوزۇقلۇق ماددا) ۋە بېلىق يېغى يەپ بېرىڭ. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ: «ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان سېرىق داغ كېسەللى ياشانغانلاردا ساقايتقىلى بولمايدىغان كۆز تۇتۇلۇشنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. كىسانتوفىل بىلەن بېلىق يېغى كۆزنىڭ سېرىق داغ قىسمىغا كىرەلەيدىغان بىردىنبىر ئوزۇقلۇق ماددا شۇڭا 50 ياشتىن ئاشقانلار كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشتا كىسانتوفىل تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. تەركىبىدە كىسانتوفىل مول بولغان كۆكتاتلاردىن پالەك، كەرەپشە (چىڭسەي)، كاللەكبەسەي، كاھۇ (ئۇسۇك)، كۆدە (جۇسەي)، تەرخەمەك قاتارلىقلار بار. پالەك بىلەن قوناقنى قورۇپ، بۇنىڭغا نەچچە تال ئالقات ئارىلاشتۇرغاندا، قورۇمىنىڭ رەڭگىنى چىرايلىقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە كىسانتوفىل بىلەن قوناق فلاۋىنىنىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بېلىق يېغىغا كەلسەك، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ياغلىق بېلىق ۋە ئوتخور بېلىق يېسىلا بولىدۇ».

ئىككىنچى، كۆز ئەتراپىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى كۈچەيتىڭ. ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كۆز ئەتراپىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆزنى ئارام ئالدۇرىدۇ. ئەگەر كۆزدە ئىششىش، قۇرغاقلىشىپ قىچىشىش، چارچاش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئالدى بىلەن سوغۇق ئۆتكۈزۈپ بۇ خىل ئالامەتلەرنى پەسەيتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىسسىق ئۆتكۈزسە پايدىسى بولىدۇ (إن شاء الله).

ئۈچىنچى، ھەرىكەت قىلىڭ. كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ ئۈچى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆزنىڭ چارچىشىنى پەسەيتىدۇ شۇڭا ھەر سائەتتە بىر قېتىم بىر كۆزنى ئېتىۋېلىپ، يەنە بىر كۆز بىلەن يىراققا، يېقىنغا قاراش، ئاندىن ئالماشتۇرۇش كېرەك.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته